قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# ئېيىقچاقنىڭ چىش تارتقۇزۇشى




شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى

Scanned by CamScanner

بۇ كىتاب جۇڭگو چاتما رەسىملەر نەشرىياتىنىڭ 1997 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى، 1998 - يىل 3 - ئاي 3 - باسمىسىغا ئاساسەن تاللاپ تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

# ئېيىقچاقنىڭ چىش تارتقۇزۇشى

## قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر توپلىمى (3)

---

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ
ئۈرۈمچى گۈەنشيۈڭ باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 889×1194mm، 1/48؛ باسما تاۋىقى: 0.5
2000 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى، 2011 - يىل 4 - ئاي 7 - بېسىلىشى

ISBN 978-7-80547-813-5

---

بىر يۈرۈش باھاسى: 10.80 يۈەن، پارچە باھاسى: 1.80 يۈەن

Scanned by CamScanner

قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# ئېيىقچاقنىڭ چىش تارتقۇزۇشى



ئەسلى ئاپتورى: كې يەن

ئۆزگەرتىپ تۈزگۈچى: شياۋ شى

تەرجىمە قىلغۇچى: روشەنگۈل تۇرسۇن

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى

Scanned by CamScanner

1. بىر كۈنى سەھەردە،
مۈشۈكئېيىق بىر ئىش
بىلەن سىرتقا چىقماقچى
بوپتۇ. ئۇ بالىسىغا: «بالام،
چىشىڭنى چوتكىلاشنى،
يۈزۈڭنى يۇيۇشنى ئۇنتۇما،
كەمپۈت، قوغۇن، پېچىنە-
لەرنى يېمە» دەپ تاپىلاپتۇ.



2. ئاپسى كېتىپ، ئېيىقچاق تازا ئويناپتۇ ۋە تويۇقسىز ئاپىسىنىڭ سۆزى يادىغا كېلىپ، دەرھال يۈزىنى يۇيۇپ، بۇرنىنى ئېرتىپتۇ.



Scanned by CamScanner

3. ئېيىقچاق چىش چوتكىلاشنى ئاۋارىچىلىك دەپ بىلىدىكەن. ئۇ: «ئاپام بۈگۈن ئۆيدە يوق، بۇ،چىش چوتكىلىمايدىغان ياخشى پۇرسەت ئىكەن» دەپ ئويلاپتۇ.





4. ئېيىقچاق ئويناۋېتىپ نەپسى تاقىلداپ كېتىپ، تومپۇچكىنى ئېچىپ پېچىنە، كەمپۇتلەرنى ئاپتۇ. ئەمما ئاپىسىنىڭ سۆزى يادىغا كېلىپ، يەنە قويۇپ قويۇپتۇ.

Scanned by CamScanner

5. ئۇ تومپۇچكىدىن بىرقۇتا ھەسەل بىلەن بىر قۇتا مېۋە شىرنىسى تېپىپ: «ئاپام مېنى بۇنى يېمە دېمىگەن» دەپ ئويلاپ،خۇشاللىقىدا ھىجىيىپ كېتىپتۇ.



Scanned by CamScanner

6. بىردەم بىر قوشۇق ھەسەلنى تې-
تىپ: «ۋاي، بەك تاتلىقكەن» دېسە، بىردەم
بىر قوشۇق مېۋە شىرنىسىنى تېتىپ
بېقىپ: «ۋاي – ۋۇي ئەجەبمۇ ئاچچىق –
چۇچۇككەن» دەپ يەۋېرىپتۇ.



Scanned by CamScanner

7. يېگەنسېرى يېگۈسى كېلىپ،قوشۇقنى كىچىك كۆرۈپ تەخسىگە تۆكۈپتۇ.
ئۇنىمۇ كىچىك كۆرۈپ چوڭ چىنىگە قۇيۇپتۇ.





8. ھەسەل بىلەن مېۋە شىرنىسىنى پاك-پاكىز يەپ بولغان ئېيىقچاق ناخشىسىنى يەنە باشلىۋېتىپتۇ.

Scanned by CamScanner

9. ئۇ تازا يايراپ ناخشا ئېيتىۋېتىپ، تۇساتتىن: «ۋايجان، ۋايىيەي، بۇ نېمە ئىش؟ چىشىم ئاغرىپ بولمايۋاتىدۇ!» دەپ ۋايساپتۇ.





10. ھايال ئۆتمەيلا، ئاغرىق دەستىدىن: «ۋايجان، ۋايىيەي، ئەمدى ئاغرىق چىشىم-
نىڭ يىلتىزىغا ئۆتۈپ كەتتى، ئاغرىقتىن ئۆلەي دېدىم!» دەپ ۋارقىراشقا باشلاپتۇ.

Scanned by CamScanner

11. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان توش-
قان تېۋىپ ئۆي ئىچىدىن چىققان ئاۋازنى
ئاڭلاپ ئۆيگە كىرىپ،ئېيىقچاقنىڭ چىشى-
نىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى بىلىپتۇ.



12. ئۇ ئېيىقچاقنىڭ چىشىنى تەكشۈرۈپ كۆ-
رۈپ: «بىر تال چىشىڭنى زاماسكىلايمىز، يەنە بىر تال
چىشىڭنى تارتىۋەتمىسەك بولمايدۇ» دەپتۇ.



Scanned by CamScanner

13. توشقان ئۇنى ناركوز قىلىپ، ئامبۇر بىلەن ئۇنىڭ قۇر ت يەپ كەتكەن چىشىنى تازا تارتىشقا باشلاپتۇ.



14. تېخى چىشى مىدىرلىماي تۇرۇپلا، ئېيىقچاق «ۋايجان!» دەپ چىرقىراشقا باشلاپتۇ.



Scanned by CamScanner

15. توشقاننىڭ كۈچى يەتمەي،كۈچۈكنى ياردەمگە چاقىرىپتۇ. چىش يەنىلا مىدىر-
لىماپتۇ. ئاغرىق ئازابىدىن ئېيىقچاقنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلۇشقا باشلاپتۇ.



Scanned by CamScanner

16. ئۇلار ئاسلاننى ياردەمگە چاقىرغان بولسىمۇ، تارتقان چىشنىڭ يېرىمى سۇنۇپ چىقىپ، يېرىمى يەنىلا ئاغزىدا قاپتۇ.



Scanned by CamScanner

17. ئەمدى ئېيىقچاق زادىلا چىدىيالماپتۇ.
ئاغرىق دەستىدىن يەرنى تېپىچەكلەپ كېتىپتۇ. تې-
ۋىپمۇ جىددىيلىشىپ، قارا تەرگە چۈمۈلۈپتۇ.





18. توشقان يەنە قۇشقاچ، تىيىنلەرنى يار-
دەمگە چاقىرىپتۇ.

19. «بىر، ئىككى. . . ئەيۋھەننناس، گۈپ!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ھەممەيلەن يەرگە يىقىلىپ چۈشۈپ، سۇنۇپ قالغان چىشمۇ يۇلۇنۇپ چىقىپتۇ.




Scanned by CamScanner

20. توشقان تېۋىپ ئېيىقچاقتىن: «يەنە ئاغرىۋاتامدۇ؟» دەپ سوراپتۇ كۈلۈمسى-
رەپ تۇرۇپ. «ياق، ئاغرىمىدى، ئازراقمۇ ئاغرىمىدى» دەپتۇ ئېيىقچاق.



21. توشقان تېۋىپ ئېيىقچاقنىڭ چىشىغا دورا سېپىپ قويغاندىن كېيىن: «بۇنىڭدىن كېيىن چىشىڭنى ياخشى ئاسرىغىن، بولمىسا بىردىن– بىردىن چىرىپ تۈگەيدۇ» دەپتۇ.





22. ئېيىقچاق ئاڭقىرالماي، كۆپچىلىكتىن: «نېمىشقا مېنىڭلا چىشىم ئاغرىيدۇ، سىلەرنىڭ ئاغرىمايدۇ؟» دەپ سورىغان ئىكەن، كۆچۈك بىلەن ئاسلان بىردەك: «بىز ھەر كۈنى چىشىمىزنى چوتكىلايمىز!» دەپتۇ.

Scanned by CamScanner

23. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئېيىقچاق ھەر كۈنى ئەتى-
گەن– كەچتە چىشىنى چوتكىلايدىغان بوپتۇ، ئۇنىڭ چىشى-
مۇ ئاغرىمايدىغان بوپتۇ.



Scanned by CamScanner

本书根据中国连环画出版社1997年5月第一版，1998年3月第三次印刷版本选译出版。

小熊拔牙
红蜻蜓丛书（3）

新疆美术摄影出版社出版发行
新疆新华书店经销
乌鲁木齐市冠雄印刷有限公司印刷
889 × 1194毫米 48开 0.5印张
2000年1月第1次版 2011年4月第7次印刷
ISBN 978-7-80547-813-5

总定价:10.80元 每册价:1.80元(维)

مەسئۇل مۇھەررىرى : ماھىنۇر غوپۇر
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى : ئازات بارات



ISBN 978-7-80547-813-5

9 787805 478135 >

总定价:10.80元 每册价:1.80元(维)

Scanned by CamScanner